# ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بېكىتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنى قىلالمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن تولۇق بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەقسەت قىلغان ياخشىلىقنى قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئوندىن يەتتە يۈزگىچە ھەتتا ئۇنىڭدىن زىيادە ياخشىلىق يازىدۇ، كىمكى بىر يامانلىقنى مەقسەت قىلىپ ئۇنى قىلمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن تولۇق بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە بىر يامانلىق يازىدۇ

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن، ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن بايان قىلغان ھەدىس قۇدسىيدە ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:
«ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بېكىتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:
«كىمكى بىر ياخشىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنى قىلالمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن تولۇق بىر
ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەقسەت قىلغان ياخشىلىقنى قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئوندىن يەتتە يۈزگىچە ھەتتا
ئۇنىڭدىن زىيادە ياخشىلىق يازىدۇ، كىمكى بىر يامانلىقنى مەقسەت قىلىپ ئۇنى قىلمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى
ئۈچۈن تولۇق بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە بىر يامانلىق يازىدۇ».
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بېكىتىۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئاندىن ئىككى پەرىشتىنىڭ ئۇنى قانداق يازىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى: كىمكى بىر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىپ، كەسكىنلىك بىلەن ئۇنى قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، قىلالمىغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر مەقسەت قىلغان ياخشىلىقنى قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە بىرگە ئوندىن ھەتتا يەتتە يۈز ھەسسىگىچە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياخشىلىق يازىدۇ، ياخشىلىقنىڭ زىيادە بولۇشى شۇ ئىنساننىڭ دىلىدىكى ئىخلاس، سەمىمىيەت ۋە مەنپەئەتنىڭ باشقىلارغا يېتىش نەتىجىسى بىلەن بولىدۇ. كىمكى بىر يامانلىقنى ئىرادە قىلىپ، كەسكىنلىك بىلەن ئۇنى قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن قىلمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ئەگەر يامانلىقنى باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ياكى ئۇنى قىلىش سەۋەپلىرىنى قىلالماي تەرك قىلغان بولسا ئۇ كىشىگە ھېچ نەرسە يېزىلمايدۇ، ئەگەر يامانلىق قىلىشقا كۈچى يەتمەي تەرك قىلغان بولسا ئۇنىڭ نىيىتىگە كۆرە يېزىلىدۇ، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر يامانلىق يېزىلىدۇ.